## 134087 ـ ئۆزىنىڭ قازا روزىسىنى تۇتماي تۇرۇپ، مېيىتنىڭ زىممىسىدىكى قازا روزىنى تۇتسا بولامدۇ؟

### سوئال

ئايالىم ھىجرىيە بويىچە ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ۋاپات بولدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۆتكەن رامىزاندا ئايالىم ئادەت سەۋەبىدىن يەتتە كۈن روزا تۇتالمىغان ئىدى، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن روزا تۇتۇپ قويسام بولامدۇ؟ بىلىشىمچە مېنىڭمۇ تۇتالمىغان بىر ئايلىق قازا روزام بار ئىدى، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ قازا روزامنى تۇتۇپ ئاندىن ئايالىمنىڭ قازا روزىسىنى تۇتىمەنمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىش سىز سوئالدا زىكىر قىلغاندەك بولسا، سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ زىممىڭىزدىكى قازا روزىنى تۇتۇشىڭىز كېرەك بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئايالىڭىزنىڭ زىممىسىدىكى روزىنى تۇتۇشنى باشلايسىز. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قازا روزىسىنى ئادا قىلالماي ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ روزىسىنى ۋەلىيسى ئادا قىلسۇن». [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ۋەلىي دېگەن مېيىتنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدۇر، سىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن. [سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات پەتىۋا كومىتېتى].

پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز. شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئال شەيخ. شەيخ بەكرى ئەبۇ زەيد.

مەنبە: دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى، ئىككىنچى بۆلۈم 9-توم 261-بەت.